## 344068 ـ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى ۋە بىدئەت بولغان بايراملاردا باشقىلار ھەدىيە قىلغان سوغاتلاردىن پايدىلانسا بولامدۇ؟

### سوئال

ئىلگىرى تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەنگە ئوخشاش شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بايراملاردا باشقىلار تەقدىم قىلغان سوغاتلارنى ئىشلەتسە بولامدۇ؟، ساۋاقداشىمنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ ھەدىيە قىلغان ماشىنىسىغا مىنسەم بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: تۇغۇلغان كۈن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر ئىجات قىلىپ يولغا قويغان بايراملار مەيلى دىنى بولسۇن ياكى دۇنيالىق بولسۇن ئۇنى تەبرىكلەش يولغا قويۇلمىغان، چۈنكى بۇنىڭدا يوق ئىش پەيدا قىلغانلىق ۋە كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق بار. بۇ توغرىدا 26804– نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: ئەسلىدە ئىنسان مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەردە تەقدىم قىلىنغان سوغاتلارنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى سوۋغاتنى قوبۇل قىلىش بولسا، بۇ بايرامنى ئېتىراپ قىلغانلىق ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىك، لېكىن سوغات بەرگۈچى چېڭ تۇرۇۋالسا، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرىسە، سوۋغاتنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋە ئۇ دوستىغا سوۋغاتنى ئارىسىدىكى دوستلۇق ئۈچۈن قوبۇل قىلغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان بايرامنى ئۈچۈن قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك بولىدۇ. 146449–نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئۈچىنچى: مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەردە تەقدىم قىلىنغان سوغاتلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ، بۇ پائالىيەتلەرنى توغرا دەپ، سوغات بەرسە بولىدۇ دەپ قارىسۇن ياكى بىلمەي قوبۇل قىلسۇن، ياكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلسا گۇناھ بولمايدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، تەۋبە قىلسا تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇنقى گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزۈرلۈك كىشىنىڭ تەۋبىسى يەنى دەسلەپتە دەلىللەرنى چۈشىنەلمەي ياكى بىلمەي كېيىن دەلىللەرنى بىلىپ ۋە چۈشىنىپ قىلغان كىشىنىڭ خاتالىقلىرى ئەپۇ

قىلىنىدۇ. بۇ بەك ئوچۇق مەسىلىدۇر.

شۇنىڭدەك كىشىلەر قىلىۋاتقان ئەقدە كېلىشىملەردىن هارام بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان ياكى بىلمىگەن ياكى باشقىچە چۈشەنگەن ياكى ئىككى قاراش بولسا بىرىنى تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ هۆكمىمۇ ئوخشاش بولۇپ، بىلمەي قىلغانلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ.

جازانە، قىمار، هاراقنىڭ پۇلى، توغرا بولمىغان نىكاھ قاتارلىق ئىشلارنى خاتا چۈشەنچە بىلەن توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان بولسا، هەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ياكى بىزدىن هۆكۈم ياكى پەتىۋا سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ مۇشۇ ئەقدىلەر بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىسى توغرا بولىدۇ.

پاسىد نىكاھ بىلەن بولغان ئائىلە تۇرمىشىمۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، مەسىلەن: قىزنى ۋەلىيسى ياكى گۇۋاهچىسى يوق نىكاھلاپ ئالسىمۇ بولىدۇ دېگەن قاراش بىلەن توي قىپتۇ، ياكى تۆتىنچى ئايالىنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئۇنىڭ ئىددىتى توشماستا بەشىنچى بىر ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا ياكى ئىختىلاپ بولغان هالاللاپ بېرىش نىكاهسى بىلەن توي قىلغان بولسا، كېيىن بۇ شەكىلدىكى نىكاھنىڭ پاسىد بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا، ئۇ كىشى شۇ نىكاهسى بويىچە تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ يەردىكى مەقسەت: ئەگەر كەسكىن دەلىل بىلەن هاراملىقىغا ئىشەنچ قىلسا، ئىلگىرى كاپىر بولۇپ كېيىن ئىسلامنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى نىكاھ ئەقدىسىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ئەگەر بۇزۇۋېتىلىق قىلمىغان بولسا ئىلگىرىكى پاسىد ئەقدىلەر  بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىسىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

لېكىن بۇ مەسىلىدە هەنبەلى مەزهەپ ئىچىدە ۋە باشقا مەزهەپلەردىمۇ ئىختىلاپ بار.

خىلاپىلىق قىلغۇچىنىڭ شۈبهىسى: ئۇ كىشى بۇ مەسىلىگە چەكلەنگەن ئىش، چەكلىمە؛ پاسادنى ۋە   بۇزۇلۇشنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قاراپ مۇسۇلمانلارنىڭ هەممىسىنى بىر تۈر قىلدى، خاتا چۈشەنگۈچى بىلەن باشقىلار ئارىسىنى ئايرىمىدى". [ پەتىۋالار مەجمۇئەسى' 22-توم 12-بەت].

يەنە مۇنداق دېگەن: "شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان خاتا چۈشەنچە بىلەن توغرا دەپ قىلدىم دەپ قىلغان كېلىشىملەرنىڭ هەممىسى، ئىجتىهاد تەرەپتىن ياكى ئەگىشىش تەرەپتىن بولسۇن توغرا بولىدۇ، خۇددى هىيلە قىلىشنى توغرا دەپ قاراپ جازانە مۇئامىلىسى قىلغانغا ئوخشاش". [29 ـ توم 412- بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن: سىزنىڭ دوستىڭىزنىڭ دادىسى ئېلىپ بەرگەن ماشىنىنى ئىشلىتىشىڭىز ۋە بىرگە مىنىشىڭىز توغرا بولىدۇ.

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.